# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

4



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

## 4

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

— شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى —

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间故事．4:维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编．—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008.11
(维吾尔民间文学大典)
ISBN 978-7-228-12037-6

Ⅰ.维… Ⅱ.维… Ⅲ.维吾尔族—民间故事—作品集—中国—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 177978 号

| | |
|---|---|
| 策　　划 | 阿不都热合曼·艾白,艾合买提·伊明 |
| 责任编辑 | 艾合买提·伊明 |
| 责任校对 | 阿布勒孜·阿巴斯 等 |
| 封面设计 | 买买提·诺贝提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 印　　刷 | 乌鲁木齐八家户彩印有限公司 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 5 |
| 版　　次 | 2008 年 11 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2008 年 11 月第 1 次印刷 |
| 印　　数 | 1—5000 |
| 定　　价 | 12.00 元 |

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — 4


**نەشرگە تەييارلىغۇچى :** «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى
**پىلانلىغۇچىلار :** ئابدۇراخمان ئەبەي ، ئەخمەت ئىمىن
**مەسئۇل مۇھەررىرى :** ئەخمەت ئىمىن
**مەسئۇل كوررېكتورى :** ئابلىز ئابباس قاتارلىقلار
**مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى :** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**ئادرېسى :** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**تېلېفون :** 0991—2827472
**پوچتا نومۇرى :** 830001
**ساتقۇچى :** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**باسقۇچى :** ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتى
**فورماتى :** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى :** 5
**نەشرى :** 2008 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى :** 2008 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىراژى :** 1—5000
**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978—7—228—12037—6
**باھاسى :** 12.00 يۈەن

# مۇھەررىردىن

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى باي ۋە گۈزەل بىر خەزىنە. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا، ئۆزىنىڭ مىللىي تىلىنى، ئۆرپ ـ ئادىتىنى، مىللىي مەدەنىيىتىنى، جۇملىدىن باي، گۈزەل ۋە پارلاق ئېغىز ئەدەبىياتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۇزۇن تارىخقا، باي، چوڭقۇر مەزمۇنغا، ئۆزىگە خاس مىللىي ئۇسلۇب ۋە مىللىي شەكىلگە ئىگە بولۇپ، كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر رەڭدار گۈلشەن. ئۇ ئۆزىنىڭ مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، بايلىقى ۋە كەڭلىكى بىلەن، شەكلىنىڭ خىلمۇخىللىقى ۋە گۈزەللىكى، تۈرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئومۇملاشقان بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئېغىزدىن ئېغىزغا، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا كۆچۈش جەريانىدا خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن پىششىقلىنىپ، ۋەقەلىكى تاۋلانغان، نەتىجىسى روشەن ھەم ئۈمىدۋار، تىلى تەسىرلىك ۋە گۈزەل بولۇپ يېتىلگەن.

ھەممىمىزگە مەلۇم، چۆچەك پېرسوناژلىرى بولغان، بىر پۈتۈن ۋەقەلىككە ئىگە نەسرىي ئەسەر. ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقانداق بىر تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ئەمگەكچى خەلق مېڭىسىدىكى



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

ئىنكاسى، ئەمگەكچى خەلق تۇرمۇشىنىڭ، ئىدىيە ـ ھېسسىياتىنىڭ، غايە ۋە ئارمىنىنىڭ بەدىئىي ئىپادىسى. چۆچەكلەر ئاساسەن رېئالىزملىق بولىدۇ، ئۇنىڭدا يەنە ئاكتىپ رومانتىزمنىڭ قويۇق ئىپادىسىمۇ بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىمۇ شۇنداق.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، ھەقىقەتپەرۋەرلىكى، ئەمگەكچان روھى، ساغلام ۋە گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلىتى، ۋەتەنپەرۋەرلىكى، قەيسەرانە كۈرەش قىلىش ئىرادىسى، شۇنداقلا ئېسىل ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئىپادىلەنگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، كىشىلەرگە ياخشى بىلەن ياماننى، ھەق بىلەن ناھەقنى، ئۆز بىلەن دۈشمەننى، خۇنۈكلۈك بىلەن گۈزەللىكنى پەرق ئېتىشكە ياردەم بېرىدۇ. بىز بۇنىڭدىن خەلق چۆچەكلىرىنىڭ مۇئەييەن تەربىيىۋى رولىنى بايقىۋالالايمىز.

شۇنى قەيت قىلىشقا بولىدۇكى، خەلق چۆچەكلىرىنىڭ باللارغا بولغان تەربىيىۋى رولى تېخىمۇ زور بولىدۇ. باللار كىچىكىدىن تارتىپلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى، جۈملىدىن چۆچەكلەرنى ئاڭلىسا، ئۇلارنىڭ يۇمران قەلبىدە ياخشىلىق، ھەققانىيلىق، گۈزەللىك، ھاياتنى ۋە تەبىئەتنى سۆيۈش ئىستىكى ئويغىنىدۇ.

خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تۇرمۇشنى، تارىخنى بىلىش ۋە چۈشىنىشتىكى رولى، خەلق تىلىنى ئۆگىنىشتىكى رولى، گۈزەللىك قارىشىنى يېتىلدۈرۈشتىكى ئېستېتىكىلىق رولى، كۆڭۈل ئېچىش رولىنىمۇ ئۇنىڭ تەربىيىۋى رولىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا باغلانغان، ئۆزئارا گىرەلەشكەن، سىڭىشىپ كەتكەن، بىر ـ بىرىنى تولۇقلىغان ۋە ئۆزئارا ماسلاشقان. بۇ خەلق چۆچەكلىرىنىڭ خەلق

تۇرمۇشى بىلەن قان ـ گۆشتەك زىچ مۇناسىۋىتى بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

خەلق چۆچەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتى يېزىق شەكىللىنىشتىن بۇرۇنلا ۋۇجۇدقا كېلىپ، ئۇرغۇن ئەسىرلەر مابەينىدە ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈردى. يېزىق شەكىللەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا توختاپ قالغىنى يوق. كېيىنكى مەزگىللەردە ئۇرغۇن ئەللەردە خەلق چۆچەكلىرى يىغىپ خاتىرىلىنىپ، ئۇنىڭ يوقىلىپ كەتمەي داۋاملىق مۇكەممەللىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىنىدى. بۇ ئىش بىزدە بۇرۇن ئانچە ـ مۇنچە ئىشلەنگەن بولسىمۇ، رەسمىي ئىشلەش ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا باشلاندى دېيىشكە بولىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى بىرقانچە توپلام قىلىپ ئىشلەنگەنىدى. 80 ـ، 90 ـ يىللارغا كەلگەندە ئېلىمىز بويىچە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش دولقۇنىنىڭ تۈرتكىسىدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىگىچە خەلق چۆچەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى كەڭ كۆلەمدە يىغىلدى، رەتلەندى ۋە مەخسۇس توپلاملار نەشر قىلىندى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ ئەسەرلەر قايتا ـ قايتا سېلىشتۇرۇش، رەتلەش، تاللاش ئارقىلىق سىستېمىلاشتۇرۇلۇپ زور ھەجىملىك «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» ۋۇجۇدقا كەلدى. قولىڭىزدىكى 23 قىسىملىق «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» دەل مۇشۇ ئىلمىي ئەمگەكنىڭ مېۋىسى.

بۇ بىر يۈرۈش كىتابقا سېھرىي چۆچەكلەر، تۇرمۇش چۆچەكلىرى، چېچەنلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەر، ھەجۋىي چۆچەكلەر، تېپىشماقلىق چۆچەكلەر، ھايۋانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 300 دىن ئارتۇق چۆچەك

كىرگۈزۈلگەن ۋە مۇناسىپ قىزىقارلىق قىستۇرما رەسىملەر سەپلەنگەن.

ئىشىنىمىزكى، بۇ بىر يۈرۈش كىتاب خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى تېخىمۇ بېيىتىدۇ ۋە رەڭدار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرىنىمۇ مول ۋە رەڭدار ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇلار بۇ كىتابلىرىمىزدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى سىياسىي، تارىخىي، ئەخلاقىي، دىنىي ۋە ئېستېتىكىلىق قاراشلىرىنى، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي تۇرمۇشىنى، ئۆرپ - ئادەت ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم يىپ ئۇچى ۋە ئىلھامغا ئېرىشەلەيدۇ. بىزنىڭ بۇ كىتابلارنى نەشرگە تەييارلاشتىكى ئاساسىي مۇددىئايىمىزمۇ دەل مۇشۇ.



# مۇندەرىجە


ئاق بوز ئايغىر ........................................1

ئالتۇن كەش ........................................40

يېرىل تېشىم، يېرىل ........................................69

سەمەندەر ........................................83

گۆھەر تۇغىدىغان توخۇ ........................................97

ئۇشتىگەرنىڭ چارىسى ........................................110

تىرىڭ ـ تىرىڭ، كىم ئويغاق ........................................120

زۇلخۇمار ........................................129

ھېكمەتلىك ساندۇق ........................................144

# ئاق بوز ئايغىر

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، كۆرۈنگەن تاغنىڭ نېرىسىدا، كۆرۈنمىگەن تاغنىڭ بېرىسىدا سۆلەت باي دېگەن بىر كىشى ئۆتكەنىكەن. سۆلەت باي ھەددى ـ ھېسابسىز بايلىققا ئىگە بولۇپ، مەغرىبتىن مەشرىققىچە بولغان ئەل ـ يۇرتلاردا سودا ـ سېتىق قىلىدىكەن. سۆلەت باينىڭ توققۇز ئوغلى بار ئىكەن. باينىڭ پۈتۈن خىيالى بايلىق توپلاپ بىرنى ئىككى قىلىش، ئىككىنى تۆت قىلىش بولغاچقا، ئوغۇللىرىنى ئۆيلەپ، زىممىسىدىكى ئاتىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش خىيالىغا كىرىپ چىقماپتۇ، شۇڭا ئوغۇللىرىنىڭ چوڭىنىڭ چېچىغا ئاق كىرىپ، كەنجىسى يىگىت بوپتۇ. باينىڭ كەنجى ئوغلىنىڭ ئىسمى نۇرزات بولۇپ، ئوغۇللارنىڭ ئىچىدە چېچەن، ئەقىللىق، باتۇر ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە توققۇز ئوغۇل بىر تويغا قاتارلىشىپ كەلسە، ياشلاردىن بىرى:

— ھە، كېلىڭلار، سۆلەت باينىڭ بۇقىلىرى! — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان نۇرزات دەرھال قايتىپ كېتىپتۇ. ئاكىلىرى تويدىن كېلىپ:

— سەن بىز بىلەن بىرگە تويغا بارغان، كېيىن يوقىلىپ كەتتىڭغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. نۇرزات:

— سىلەر شۇنداق گالۋاڭمۇ؟! — دەپ تويدا ئاڭلىغان

سۆزىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئۇلارنى «سۆلەت باينىڭ بۇقىلىرى» دەيدىغان بوپتۇ.

كۇنلەر ئۆتۈپ بۇ گەپ سۆلەت باينىڭ خوتۇنىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئۇ سۆلەت بايغا:

— هەي دادىسى، كىشىلەر بىزنى نېمىلەر دەپ سۆز - چۆچەك قىلىشىۋاتىدۇ، بىلەملا؟ — دەپتۇ. سۆلەت باي خاپا بولۇپ:

— قانداق ئادەملەركەن ئۇ بىزنى بىرنەرسە دەيدىغان؟ ! — دەپتۇ. خوتۇنى:

— هەي دادىسى، باللارنىڭ ئالدى چارساقال، كەينى يىگىت بولدى. سىلى ئۇلارنى ئۆيلۈك - ئۇچاقلىق قىلمامىلا؟ — دېيىشىگە، سۆلەت باي:

— كىشىلەر شۇ توغرۇلۇق سۆز - چۆچەك قىلىشىپتىمۇ؟ مەن توققۇز ئوغلۇمغا توققۇز قىزى بار باينىڭ قىزلىرىنى تېپىپ بىراقلا بىر تەرەپ قىلىمەن، — دەپتۇ. سۆلەت باينىڭ خوتۇنى:

— سىلى ئىزدەپ بارمىسىلا، خەق سىلىنى ئىزدەپ كېلەمدۇ؟ — دەپتۇ.

سۆلەت باي ئوغۇللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، توققۇز قىزى بار باينى ئىزدەشكە بەل باغلاپتۇ. ئۇ يول تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ سەپەرگە چىقىش ئالدىدا نۇرزاتقا ئۆز مەقسىتىنى بايان قىلىپ، ئۇنى ئۆيدە قويۇپ قويۇپ، سەككىز ئوغلى بىلەن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار كۆپ يول يۈرۈپ بىر يايلاققا بېرىپتۇ. يايلاقتا سان - ساناقسىز قويلار ئوتلاپ يۈرگۈدەك. ئۇلار قويچىدىن بۇ قويلارنىڭ قۇددۇس باينىڭ قويلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ.



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com



ئۇلار يولنى داۋاملاشتۇرۇپ تاغ - قىرلاردىن ئۆتۈپ، يەنە نۇرغۇن تۆگە، كالا، قوتاز، يىلقىلارنى كۆرۈپتۇ ھەم ئۇلارنىڭمۇ قۇددۇس باينىڭ ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ.

سۆلەت باي تاغدىن ئېشىپ باينىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ تېپىپتۇ. ئىككى باي كۆرۈشۈپتۇ. قۇددۇس باي ئۇنى بىر كېچە قونۇپ كېتىشكە تەكلىپ قىپتۇ. سۆلەت باي ماقۇل بولۇپ ئۆيگە كىرسە، ئىلغۇدا سەككىز ھالقا تۇرغۇدەك. سۆلەت باي:

— مېنىڭ توققۇز ئوغلۇم بار، مەن شۇلارغا توققۇز قىز ئىزدەپ كېتىۋاتقانىدىم، بۇ ئۆيدىكى ھالقىلارنى كۆرۈپ مەقسىتىمگە يەتتىم دەپ خۇشال بولغانىدىم. ئەپسۇس، سانىسام بىرى كەم ئىكەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، يەنە بىرى ئەنە، — دەپتۇ قۇددۇس باي باشقا بىر ئىلغۇدىكى ھالقىنى كۆرسىتىپ، — بۇ كەنجى قىزىم پەرىزاتنىڭ ھالقىسى. سەككىز قىزىم بىر تەڭ بولسا، كەنجى قىزىم پەرىزات بىر تەڭ، — دەپتۇ. سۆلەت باي ئۇنىڭغا:

— مېنىڭمۇ سەككىز ئوغلۇم بىر تەڭ، كەنجى ئوغلۇم بىر تەڭ. كەنجى قىزىڭىزنى كەنجى ئوغلۇمغا بەرسىڭىز بەك ياخشى بولغۇدەك، — دەپتۇ. قۇددۇس باي ماقۇللۇق بىلدۇرۇپتۇ.

ئىككى باي مەسلىھەتلىشىپ توي كۈننى بېكىتىپتۇ. توي تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ، دېگەن قەرەلدە توققۇز كېچە - كۈن-دۈز توي قىلىپ، ئەل - جامائەتكە داستىخان ساپتۇ. قۇددۇس باي قىزلىرىنى كۈيئوغۇللىرىغا قوشۇپ يولغا سېلىشنىڭ تەي-يارلىقى بىلەن بوپتۇ. قىزلىرىنىڭ چوڭلىرى ئۆز مەشۇقلىرى بىلەن كۈلكە - چاقچاق بىلەن بوپتۇ. كەنجى قىز ئۆزى يال-غۇز ئىچى پۇشۇپ، تاشقىرىغا چىقىپ خىيالغا پېتىپ قاپتۇ. توساتتىن:

— ئەي پەرىزات، نېمانچە غەمكىن بولۇپ كەتتىڭ؟ — دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ، قىز قارىسا، ئالدىدا بىر ئاق بوز ئايغىر تۇرغۇدەك. ئۇ بۇ خۇدانىڭ كاراماتىمۇ نېمە، دەپ ئويلاپ:

— سەن قانداق بولۇپ تىلغا كىرىپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئاق بوز ئايغىر:

— ئاي تولغان ئاخشىمى ئاسماندىن بىر تۇلپار چۈشۈپ ئاتاڭنىڭ يىلقىلىرى ئىچىدىكى بىر بايتالغا قوشۇلغان، مەن شۇ بايتالدىن تۇغۇلدۇم، — دەپ ئۆز سىرىنى ئېيتىپ بې-رىپتۇ. كەنجى قىز:

— سەن يېنىمغا نېمە مەقسەتتە كەلدىڭ؟ — دەپتۇ. ئاق بوز ئايغىر:

— مەن ئۈچ كۈندىن كېيىن بولىدىغان ئىشلارنى ئالدىن بىلىمەن، تاغلاردىن ئۇچۇپ ئۆتەلەيمەن، دەريادا ئۈزەلەيمەن، ئوتتا كۆيمەيمەن. سەن داداڭدىن مېنى بېرىشنى ئىلتىماس قىل، بولمىسا مۇرادىڭغا يېتەلمەيسەن، — دەپتۇ. دېگەندەك

پەرىزات دادىسىدىن ئاق بوز ئايغىرنى تەلەپ قىپتۇ. قۇددۇس باي قىزىنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىپتۇ.

قۇددۇس باي ئۇلار بىلەن خوشلىشىدىغان چاغدا، ئۇلارنىڭ يالغۇز ئېقىن بويىدا، شور قۇدۇقنىڭ ئەتراپىدا قونماسلىقىنى تاپىلاپتۇ.

سۆلەت باي قۇددۇس باي بىلەن خوشلىشىپ، كېلىنلىرىنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ.

ئاشۇ يۇرتتا بىر جادۇگەر بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قىزى بار ئىكەن. ئۇ قىز بىر كۈنى چۈشىدە ئالتۇن ساقا، ئالتۇن ئۇشۇق ئويناپ يۈرگەن نۇرزاتنى كۆرۈپتۇ - دە، ئۇنىڭغا ئاشىق بوپتۇ. جادۇگەر قىزىنىڭ ھالىنى كۆرۈپ:

— ئەي جانجىگەر قىزىم، ساڭا نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ. قىز بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. جادۇگەر موماي نۇرزاتنى قولغا چۈشۈرۈشنى نىيەت قىلىپ، ئىككى ئوغلىنى ئاتلاندۇرۇپتۇ.



سۈلەت باي سەپەر قىلىپ بىر يالغۇز ئېقىن بويىغا يې-
تىپ بېرىپتۇ - دە، شۇ يەردە چۈشكۈن قىلىپ ماڭماقچى
بوپتۇ ۋە شۇ يەردە قونالغۇ راسلاپتۇ.

سۈلەت باي يالغۇز ئېقىن بويىغا بېرىپ سوغۇق سۇدا يۈز -
كۆزىنى يۇماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، ئىككى دانە قوي ئۆپكىسى
ئېقىپ كەپتۇ. سۈلەت باي بۇنى كۆرۈپ، بۇلارنى ئىت يېسۇن
دەپ سۇزۇۋاپتۇ. شۇ چاغدا ئىككى ئۆپكە قاۋۇل ئىككى يە-
گىتكە ئايلىنىپ:

— سەن قېرى نېمىدەپ بىزنىڭ ساياھىتىمىزنى بۇزد-
سەن؟ ! سەن بىزنىڭ پادىشاھ ئەۋلادى ئىكەنلىكىمىزنى بىل-
مەمسەن؟ ! تېخى ئىت يېسۇن دەيسىنا ! — دەپ سۈلەت باي-
نىڭ ياقىسىنى سىقىپتۇ. سۈلەت باي:

— مەن بىلمەي قاپتىمەن، مېنى كەچۈرسەڭلار، — دەپ
يالۋۇرۇپتۇ. ئۇلار:

— بىز دېگەنگە كۆنسەڭ بىزدىن قۇتۇلسەن، بولمىسا
دەرياغا تاشلايمىز، — دەپ سۈلەت باينى دەريا تەرەپكە سۆرەپ-
تۇ. سۈلەت باي قورقۇپ:

— نېمە دېسەڭلار كۆنەي، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

— كىچىك ئوغلۇڭنىڭ ئالتۇن ساقىسىنى بىزگە قويۇپ
كەت، — دەپتۇ ئۇلار.

سۈلەت باي ئامال قىلالماي ئالتۇن ساقىنى چىقىرىپ
بېرىپ قۇتۇلۇپ، دەرھال قونالغۇغا قايتىپ كېلىپلا يولغا چى-
قىپتۇ. ئۇلار يول ئۈستىدە قىڭغىر جىگدە تۈۋىدە كونا قوموش
كەپىنى ئۇچرىتىپتۇ. ئۇ كەپە نۇرزاتقا ئاشىق بولغان جادۇگەر
قىزنىڭ كەپىسى ئىكەن. جادۇگەر قىز بۇ يەردە پەرىزاتنى
قەستلەپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇ سۈلەت بايلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى
كۆرۈپ كەپىدىن چىقىپ، پەرىزاتقا مۇنداق دەپتۇ:

ئاق بوز ئايغىر مىنىپسەن،
نەگە ماڭدىڭ، پەرىزات؟
سەپىرىڭ قۇتلۇق سەپەرمۇ
غايىب نىكاھ، پەرىزات؟
ئاقۋاش تۆگەڭ يارامىلىق،
قۇتلۇق بولسۇن، پەرىزات.
ئۇزغۇ ساۋۇت ـ دۇبۇلغاڭ،
غايىب نىكاھ، پەرىزات.
چۆل بويىدا دېمىسەڭ،
قومۇش كەپە دېمىسەڭ،
بىزنىڭ ئۆيگە چۈشۈپ كەت.
مېنى غېرىب كۆرمىسەڭ،
شېرىن سۆھبەت قۇرۇپ كەت،
ئىچ سىرىمنى بىلىپ كەت.
ھېچبولمىسا دەم ئېلىپ،
تۇز ـ تەمىمنى تېتىپ كەت،
سىنچىيىمنى ئىچىپ كەت.

جادۇگەر قىزنىڭ زاڭلىق قىلىپ سۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلـ-
گەن پەرىزات مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

ئەي ناتونۇش بىگانە،
ئۆي تۇتۇپسەن يېگانە.
يامان نىيەت بولمىساڭ،
يۈرەتتىڭمۇ پىنھانە.
سۆيگەن يارىم نۇرزاتتۇر،
ئۆز يارىمنى سۆيىمەن.

مىنگەن ئېتىم ئۆز ئېتىم،
يارغا سوۋغات تۇتىمەن.
يۇك ـ تاقامنى پەقەتلا
ئاق تۆگىگە ئارتىمەن.
كىيىپ ساۋۇت ـ دۇبۇلغا،
جەڭگە تەييار تۇرىمەن.
چۆل بويىدا دېمەيمەن،
قومۇش كەپە دېمەيمەن.
زورلىساڭمۇ، بىلىپ قوي،
بۇ ئۆيۈڭگە كىرمەيمەن،
بىر سائەتمۇ تۇرمايمەن،
سۆھبەت قۇرۇپ يۈرگۈم يوق،
ئىچ سىرىڭنى بىلگۈم يوق،
سىنچېيىڭنى ئىچكۈم يوق.

جادۇگەر قىز ئېغىز ئاچالماي دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ قاپتۇ. ئۇلار كېتىۋېرىپتۇ. بىر كۈنى كەچ كىرگەندە، ئۇلار بىر شور قۇدۇققا كەپتۇ. سۆلەت باي شۇ يەردە چۈشكۈن قىلماقچى بولغانىكەن، پەرىزات:

— بۇ يەردە قونمايلى، خەتەرلىك، — دەپتۇ، لېكىن سۆلەت باي مۇشۇ يەردە قونىمىز دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ.

شۇ كېچىسى پۈتۈن ئەتراپنى قارا تۇمان قاپلاپ كېتىپتۇ. ئەتىسى ئاقباش تۆگىنىڭ يوقلۇقى مەلۇم بوپتۇ. سۆلەت باي ئىزدەپ بىر يەرگە بارسا تۆگە تۇرغۇدەك، تۆگىنىڭ نوختىسى بىر قوڭغۇراق تىكەنگە ئىلىنىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ تۈۋىدە بىر قېرى دۇمچەك موماي ئولتۇرۇپتۇ. سۆلەت باي:

— موما، ھەي موما، ئاۋۇ چۈلۋۈرنى ماڭا ئېلىۋېتىڭە، —



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com